# ئاللاھ تائالاغا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەي ۋاپات بولغان كىشى جەننەتكە كىردى، ئاللاھ تائالاغا بىر نەرسىنى شېرىك كەلتۈرۈپ ۋاپات بولغان كىشى دوزاخقا كىردى»دېدى

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىر كىشى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كىلىپ: ئى ئاللاھنىڭ رەسۇلى! كىشىلەرنىڭ جەننەتكە ياكى دوزاخقا كىرىشىنى ۋاجىپ قىلىدىغان ئىككى خىسلەت قايسى؟ دەپ سورىدى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: «ئاللاھ تائالاغا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەي ۋاپات بولغان كىشى جەننەتكە كىردى، ئاللاھ تائالاغا بىر نەرسىنى شېرىك كەلتۈرۈپ ۋاپات بولغان كىشى دوزاخقا كىردى»دېدى.
[تېكىست توغرا] [مۇسلىم رىۋايىتى]

بىر كىشى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامدىن: جەننەتكە كىرىشنى ۋە دوزاخقا كىرىشنى ۋاجىپ قىلىدىغان ئىككى خىسلەتنى سورىدى؟. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۇ كىشىگە: جەننەتنى ۋاجىپ قىلىدىغان خىسلەت؛ ئىنسان يالغۇز بىر ئاللاھقا ئىبادەت قىلىپ ئۇنىڭغا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەي ۋاپات بولۇش دەپ جاۋاپ بەردى. دوزاخنى ۋاجىپ قىلىدىغان خىسلەت بولسا: ئىنسان ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈش، ئاللاھقا ئىلاھلىقتا، رەبلىكتە ياكى ئىسىم-سۈپەتتە بىر نەرسىنى باراۋەر قىلىپ ئۆلۈپ كېتىشتۇر.

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/65008

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee